# سەرخىل بالىلار قوشاقلىرى

1

# دىكى - دىكى توشقان



شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

سەرخىل بالىلار قوشاقلىرى

# دىكى - دىكى توشقان

تۈزگۈچىلەر: ئىزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن
زاماندىن پاكزات



شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

پىلانلىغۇچى: ئابلىكىم ھەسەن
مەسئۇل مۇھەررىرى: قەلبىنۇر قادىر
مەسئۇل كوررېكتورى: دىليار تۇرسۇن
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: غالىب شاھ
ئىستۇرما رەسىملەرنى سىزغۇچى: تۇرسۇن ئىسھاق

سەرخىل بالىلار قوشاقلىرى

# دىكى - دىكى توشقان

تۈزگۈچىلەر: ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن
زامانىدىن پاكزات

*

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي بېيجىڭ يولى 29 - نومۇر، پ: 830012)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1168 × 850 م م، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 2
2007 - يىلى 6 - ئاي 1 - نەشرى
2012 - يىلى 3 - ئاي 4 - بېسىلىشى
ISBN 978 - 7 - 5371 - 5723 - 0
باھاسى: 6.00 يۈەن
بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرىمىز

# مۇندەرىجە


ئەللەي بالام ........................................ 1
سالام ئاتا ـ ئانامغا ........................................ 3
ئاپام ئايدەك ........................................ 4
كىم يازدى ........................................ 5
ھەپتە قوشىقى ........................................ 6
دىكى ـ دىكى توشقان ........................................ 7
بوۋدۇنەم ........................................ 8
ھە دېگەنگە ھە بېرەي ........................................ 9
يەرمەدىكى ........................................ 10
قارلىغاچمەن ........................................ 11
سار ........................................ 12
ياغلىق ئويۇنى ........................................ 13
قاپاق ........................................ 14
قۇشۇم بار ........................................ 15
ئىمتىھاندىن قاپتىمەن ........................................ 16
خانقىز ........................................ 17
ئويناپدىغان بالا بارمۇ ........................................ 18
ھاۋاچاق ........................................ 19
ئاپتاپ چىق ........................................ 20
تۇمۇچا ........................................ 21
ئوغلۇمنى كۆردۇڭلارمۇ ........................................ 22
تۆگە ........................................ 23
ئۆمۈچۈك ........................................ 24
باقى ـ باقىمەن ........................................ 25
ئالمىلار ........................................ 26
كۆك خالتىدا ئاش ........................................ 27

بىرلىك ........ 28
يامغۇر ياغ ........ 29
پاخپاق كىشى ........ 30
چاي ........ 31
قارا قاغا ........ 32
ئۆچكە ........ 33
دۇم - دۇم - دۇم ........ 34
چەندەك ........ 35
مياۋ - مياۋ مۇشۇكۇم ........ 36
لىڭگىرتاقتاق ........ 37
ئاق بۇلۇت ........ 38
مەمەجان ........ 39
ماي ........ 40
كىچىككىنە قورچاق ........ 41
بىر قولۇم ........ 42
خەت كەلدى ........ 43
جىرىم سالدىم قاتارا ........ 44
تۇخۇم ........ 45
باغقا كىردىڭمۇ ........ 46
چاققانجان ........ 47
تاققا - تۇققا ........ 48
قار ياغدى لەپ - لەپ ........ 49
پاختەك ........ 50
چامغۇر يۇلۇش ........ 51
بىز ياخشى ........ 52
ئاق تېرەك ........ 53
تۆگە - تۆگىلەك ........ 55
ئارقامدا موزاي مۆرەيدۇ ........ 56
رامزان ئېيتىش ........ 57
داد پادىشاھىم، داد ........ 58
چۆچۈرە قاينايدۇ ........ 59

# ئەللەي بالام

تاغدىن چىنار ئەچۈشۈپ،
بۆشۈكنى رۇسلاڭلار.
قۇلۇنجاننى ئۆلتۈرۈپ،
شۈمىكنى رۇسلاڭلار.
ئەللەي بالام، ئەللەي !

مېنىڭ بالام بىرگىنە،
قىزىل ئالما، گۈلگىنە.
مىنگەن ئېتى تايگىنە،
ئاسماندىكى ئايگىنە.
ئەللەي بالام، ئەللەي !



چىكىدىن تەر ئاققۇزۇپ،
يېقىپ كەلگەن ئاتىسى،
بىر كېچىدە مىڭ قوپۇپ،
ئاق سۇت بەرگەن ئانىسى.
ئەللەي بالام، ئەللەي !

ئېگىز تاغنىڭ بېشىدا،
چېدىر تىككەن بوۋىسى.
ئاق شۇڭقارنىڭ يۇڭىنى
پىلىك سوزغان مومىسى.
ئەللەي بالام، ئەللەي!

باغدا بادام پىشىپتۇ،
تۇۋىگە توك ـ توك چۇشۇپتۇ.
مېنىڭ بالام بۆشۇكتە
تولۇن ئايدەك يېتىپتۇ.
ئەللەي بالام، ئەللەي !

تاغدا قۇلان تىرىسى،
قېيىش بولۇر، كۆن بولماس.
ياخشى ئاتا بالىسى،
غېرىب بولۇر، قۇل بولماس.
ئەللەي بالام، ئەللەي !

# سالام ئاتا - ئانامغا

ئاپتاپ چۈشتى ئاق تامغا،
شولا چۈشتى كۆك تامغا.
— ئەسسالامۇئەلەيكۇم،
ئاۋۋال ئاتا - ئاتامغا!



# ئاپام ئايدەك

ئاپام ئايدەك،
دادام كۈندەك.
مېنى باقىدۇ
قىزىلگۈلدەك.

ئاپام ئايدەك،
دادام كۈندەك.
مېنى باقىدۇ
تولۇن ئايدەك.



# كىم يازدى

— بىر، ئىككى، ئون ئالتە،
ئون ئالتىنى كىم يازدى؟
— قەلەم بىلەن مەن يازدىم.
ئىشەنمىسەڭ قاراپ باق،
چوڭ ئاكامدىن سوراپ باق.



# ھەپتە قوشىقى

دۈگىلەپ كەلدى دۈشەنبە،
سەكرەپ كەلدى سەيشەنبە،
چامداپ كەلدى چارشەنبە،
پايلاپ كەلدى پەيشەنبە،
ئۈلۈغ جۈمە،
شېكەر شەنبە،
ئەڭ كەينىدە يەكشەنبە.



# دىكى ـ دىكى توشقان

ـــ دىكى ـ دىكى توشقان،
نەگە ـ نەگە بارىسەن؟
ـــ مەھەللىمىزنىڭ بېشىغا ـــ
سېپىر ئاكام قېشىغا.
ـــ سېپىر ئاكام نېمە بېرىدۇ؟
ـــ ئۆچكە سېغىپ سۈت بېرىدۇ.
ـــ ئۆچكىسىنىڭ سۈتى يوق،
سوغىسىنىڭ تۈۋى يوق.
كىردىم يەڭگەم قېشىغا،
يەڭگەم ئېتى قاقىرا،
ئاش ئېتىپتۇ قاپقارا.
ماڭا بەردى بىر قوشۇق،
ئۆزى ئىچتى بىر چارە.
بىر قوشۇققا تويمىدىم،
ئۆپچۆرەمنى قويمىدىم.
ئۆز ئۈۋامنى ئويلىدىم،
چاتقاللىقتا ئوينىدىم.



# بۆدۇنەم

ئۆزى ئوماق بۆدۇنەم،
دۇمبىسى ياغاق بۆدۇنەم.
قۇرغۇي ئاكام كەلدى دېسەم،
دالدىغا مۆككەن بۆدۇنەم.
قۇرغۇي ئاكام كەتتى دېسەم،
ۋىتۋالاق ئەتكەن بۆدۇنەم.



# ھە دېگەنگە ھە بېرەي

ھە دېگەنگە ھە بېرەي،
يەتتە كۇنلۇك يەر بېرەي.
ھە دېگەنگە ھەر دەڭگە،
توققۇزئاتار بەردەڭگە.
توققۇزئاتار مىلتىقتا،
ئوق ئاتىمەن دۇشمەنگە.

ھە دېگەنگە ھە بېرەي،
يەتتە پۇللۇق نان بېرەي.
تويمىغانغا دان بېرەي،
كۆرپە سىلىپ، چاي بېرەي،
خالىتىسىغا ئۇن بېرەي.



## يەرمەدىكى

يەرمەدىكى مەدەك،
سەنزە نادان ـ گۆدەك.
يامغۇر ياغمىسىمۇ شارقىراپ،
ئاپتاپ قىزىتمىسىمۇ پارقىراپ،
بارغۇ كۈنلۈكۈڭ يوغان،
كۆتۈرۈپ تۇرغىنىڭ تۇرغان...





# قارلىغاچمەن

مەن ئۆزۈم بىر قارلىغاچ،
قاناتلىرىم ئالماچ.
تەندە مادارىم بولغاچ،
دائىم ئوقۇيمەن دۇرۇت.

گۈلىستانغا بېرىۋىدىم،
قۇم شېكەرنى يېۋىدىم.
مەن بۇ يەرگە كېلىۋىدىم،
قوڭغۇز بىلەن قۇرت.

ئۆزۈم كىچىك بىر قۇشمەن،
كېچىلىرى بىھوشمەن.
ئادەمزاتقا تونۇشمەن،
ماكانىمدۇر تام، تورۇس.





# سار

— سار، سار،
ئۆيۈڭ نەدە؟
— ئالا تاغدا.
— بالاڭ نەدە؟
— ئەسكى تامدا.
— نېمە يەيسەن؟
— ياڭاق يەيمەن.
— ياڭاق ـ ياڭاق،
مېغىزى قايماق.



# ياغلىق ئويۇنى

ئۈيانمۇ زەيكەش،
بۈيانمۇ زەيكەش.
ياغلىق ئويناپمىز،
ئارقامدىن ئەگەش.

سەندە ساپان كەش،
مەندە چاقچان كەش.
ياغلىقىڭ مەندە،
ئارقامدىن ئەگەش.



# قاپاق

ئېرىق بويىغا چىقسام،
ئاچمىغان قاپاق چىقتى.
قاپاقنى ئېچىپ باقسام،
ئومايخان ئاپئاق چىقتى.
بىر كېسىپ ئېغىز ئاچتىم،
يېنىمغا قاپاق ئاستىم.
سۇنى ئېلىپ ئىچىگە،
ھويلامغا بېرىپ چاچتىم.
ھويلام مېنىڭ ھۆل بولدى،
ئوماي خانقىز گۈل بولدى.



# قۇشۇم بار

— زەينەپ، زەينەپ، زەينىپىم،
سەن قاياققا بارىسەن؟
— ئالتايغا بارىمەن.
— ئالتايدا نېمەڭ بار؟
— ئۇچىدىغان قۇشۇم بار.
— ئۇچتى، ئۇچتى، قۇش ئۇچتى.
ئىككى بالا سوقۇشتى.
— بىز ئېيتايلى ئۇلارغا،
سوقۇشمىسۇن يىغلىشىپ.
دوست بولۇپ ئۆتسۇن بالىلار،
ئۇچقان قۇشقا قارىشىپ.



# ئىمتىھاندىن قايتىمەن

ئىمتىھاندىن قايتىمەن،
مايلىق توقاچ* ئاپتىمەن.
ئاتا ـ ئانام يېنىغا
ئەمدى نېمىدەپ قايتىمەن؟

دادام مېنى تىللارمۇ؟
ئاپام مېنى نوقارمۇ؟
مايلىق توقاچ ئېپ قالغان
ئويۇنقېپى بالىمەن.



* مايلىق توقاچ — «نۆل»

# خانقىز

خانقىز، خانقىز —
خاننىڭ قىزى،
بىر چىنە كېپەك بېرەي
ئۇچۇپ بېرىڭە.
بېغىمىزنى
ئايلىنىپ - ئايلىنىپ
يېنىپ كېلىڭە.
قايسى گۈل ئەڭ چىرايلىق،
ئېيتىپ بېرىڭە.





# ئوينايدىغان بالا بارمۇ

ئاق تاش، كۆك تاش،
دەريا بويى سۇزۇك تاش.
سېنىڭ بىلەن مەن ئاداش،
ئوينايدىغان بالا بارمۇ؟

ئاق تاش، كۆك تاش،
دەريادىكى سۇزۇك تاش.
ماڭا كېرەك كۆپ ئاداش،
ئوينايدىغان بالا بارمۇ؟

بولساق ئاكا ـ ئىنىدەك،
بولۇر ئويۇن ئويۇندەك.
ئۇرۇشمايلى چۇجىدەك،
ئوينايدىغان بالا بارمۇ؟



ئادىشىڭنىڭ بىرى مەن،
ئوينايدىغان بالىمەن.
كۆپ ئويۇننى بىلىمەن،
ئوينايدىغان بالا بارمۇ؟

# ھاۋاچاق

ھاۋا، ھاۋا، ھاۋاچاق،
ئوتنۇن تەردىم بىر قۇچاق.
ئوتنۇنۇمنى ئېپ قاچتى
پاقا بىلەن قۇمچاق.

ئوتنۇن قالاپ ئوچاققا،
سۇيۇقئاش ئەتسۇن پۇرچاقتا.
ئەللەي ئېيتسا ئانىسى،
بالا ئۇخلار قۇچاقتا.



# ئاپتاپ چىق

ئاپتاپ چىق،
كونا چاپاننى سۆرەپ چىق.
ئاپتاپ چىق،
يوغان توپتەك ئۆرلەپ چىق.
ئاپتاپ چىق،
ئاسمىنىڭنى ياماپ چىق.
ئاپتاپ چىق،
ئايخىنىڭنى قاماپ چىق.
ئاپتاپ چىق،
يۇلتۇزۇڭنى ساناپ چىق.
ئاپتاپ چىق،
بىز بىلەن بىللە ئويناپ چىق.



# تۇمۇچا*

زەيتۇنەمنىڭ بېغىدا
بىر تۈپ ئالۇچا.
ئالۇچىنىڭ ئۇچىدا
بىر جۈپ تۇمۇچا.
تۇمۇچىنىڭ پۇتلىرى
بوغۇم - بوغۇمچا.
ئالۇچىنى لىڭشىتسام،
قاياققا ئۇچا؟



* تۇمۇچا — تۇمۇچۇق

## ئوغلۇمنى كۆردۈڭلارمۇ

— ئوغلۇمنى كۆردۈڭلارمۇ؟
— ئالما تېرىۋاتىدۇ.
— ئالمىسى بار، ئۆزى يوق؟
— سۇغا چۆمۈلۈۋاتىدۇ.
— كىيىمى بار، ئۆزى يوق؟
— ئۈزۈم ئۈزۈۋاتىدۇ.
— سېۋىتى بار، ئۆزى يوق؟
ئەمدى قانداق قىلارمەن؟
ئۇنى نەدىن تاپارمەن؟
—«تۆ ـ تۆ» قىلىپ دان چېچىڭ،
ئانا بولۇپ قىچقىرىڭ.
چىقار مۆككەن تۆشۈكتىن،
چۈشەر يانتاق بۆشۈكتىن.



# تۆگە

تۆگە - تۆگە، بۇت - بۇت،
سامان يەمسەن، ئوت - ئوت.
دۇمبىلىرىڭ دوك - دوك،
مېڭىشلىرىڭ لوك - لوك،
ياڭاقلايسەن توك - توك.



# ئۆمۈچۈك

ئۆمۈچۈك قارىۋاي،
كېچە - كۈندۈز ئۇخلىماي
زەمبىل توقۇغاي.
چۈشۈن چۈشتى زەمبىلگە،
ئايھاي!



# باقى - باقمەن

باقى - باقمەن،
قوغۇن باقمەن.
ئوغرى كىرسە قوغۇنغا
پۇتىنى چاقمەن.
ئوهۇت - ئوهۇت،
ئوغرىنى تۇت!

ئاچ قورساق بولساڭ
قوغۇندىن يەپ توي.
خەمەكنى ئالساڭ
پىلىكىنى قوي.
ئوهۇت - ئوهۇت،
ئوغرىنى تۇت !



# ئالمىلار

پاكار ـ پاكار ئالمىلار،
بويلىغىلى ياخشى.
سەنمۇ كىچىك، مەنمۇ كىچىك،
ئوينىغىلى ياخشى.

ئوينايلى بىز سايىدا،
ئاپتاپ ئۆتۈپ قالمىسۇن.
بىزلا ئويناپ، باشقىلار
چەتتە قاراپ قالمىسۇن.



# كۆك خالتىدا ئاش

كۆك خالتىدا ئاش،
ئاق خالتىدا ماش.
تېرىپ ئالايلى
يانچۇقۇڭنى ئاچ.
ئوتقا كۆمگەندە
بولىدۇ قوماچ.
ئېتىلسا، تېرىپ —
چاينايمىز گاچ - گاچ.
تويىدۇ قورساق،
ئوينايمىز ئاداش.



# بىرلىك

بىر دېگەن بىلەك،
ئىككى دېگەن ئىلگەك.
ئۈچ دېگەن ئۈچكە،
تۆت دېگەن تۆشۈك.
بەش دېگەن بۆشۈك.
ئالتە — ئالما،
يەتتە — يەككە،
سەككىز — ساقا،
توققۇز — توقا،
ئون — ئويماق،
ئون بىر — تېپىشماق.



# يامغۇر ياغ

هەي بۇلۇتلار، بۇلۇتلار،
يامغۇر ئېلىپ كېلىڭلار.
بۇغداي ۋە قوناق تەردۇق،
سۇغا قاندۇرۇپ كېتىڭلار.
كېچىچە ياغ، ياغ يامغۇر،
كۆكلەپ ئۆسسۇن چۆنەك ـ چۆنەك ـــ
سەۋزە، پىياز ھەم چامغۇر.
پىلەك تارتسۇن قوغۇن، تاۋۇز ـــ
چىلگە بىلەن تەرخەمەك.



# پاخپاق كىشى

پاخپاق كىشى ئۆلۈپتۇ،
خۇمدان بېشىغا كۆمۈپتۇ.
يىغلايدىغان ئادىمى يوق،
ئۆزى قوپۇپ يىغلاپتۇ.
ۋاي بېلىم،
ۋاي بېلىم.
قارىياغاچتىكى
قارا يېلىم.



# چاي

چاي ـ چاي، پەملچاي،
چاي ئۇچىدىن ئۇزگەن چاي.
زەپمۇ ئىللىق پۇرايدۇ،
ئىچسە يۇرەك ئويىنايدۇ.
ئەللەپ بەرسە،
چەللەپ بەر،
سەرلەپ بەر،
دادام ئىشتىن قايتقاندا ــ
ئاچچىق قىلىپ دەملەپ بەر!



# قارا قاغا

— قارا قاغا، ئۆيۈڭ نەدە؟
— ئەسكى تامدا.
— بالاڭ نەدە؟
— چاڭگامدا.
قاق ـ قاق ـ قاق
— نېمە يەيسەن؟
— ياڭاق ـ ياڭاق!



## ئۆچكە

ئوتتۇز ئۆچكە
ئوتلاقتا ئوتلاپتۇ.
ئوتلاقتىن كەلگۇچە
ئوتتۇزى يوقاپتۇ.

ئون توققۇزىنى تۆرە يەپتۇ،
توققۇزىنى بۆرە يەپتۇ.
قويچى كېلىپ بۆرىۋايغا:
«ئوتتۇز ئۆچكە تۆلە» دەپتۇ.



# دۈم - دۈم - دۈم

— دۈم - دۈم - دۈم
— لەۋەي، لەۋەي.
— ئاناڭ نەدە؟
— ئەسكى سامانلىقتا.
— نېمە قىلىۋاتىدۇ؟
— ئاش ئېتىۋاتىدۇ.
— ماڭا قويمىدىمۇ؟
— قاغا چوقۇلاپ كەتتى.
— ماڭ،
قاغىنى تېپىپ كەل!



# چەندەك

چەندەك ـ چىمەندەك،
ئاداش بولسا باللار —
سەندەك، مەندەك.
ئېجىل ـ ئىناق ئوينساق،
كۆنلەر ئۆتەر قەنتتەك.



# مياۋ - مياۋ مۈشۈكۈم

مياۋ - مياۋ مۈشۈكۈم،
نانني چايناپ يۇتىدۇ.
سۇنى«شاپ - شاپ» ئىچىدۇ،
ئۆزى بەكمۇ ئەدەپلىك،
يەرنى كولاپ چىچىدۇ.



# لىڭگىر تاقتاق

لىڭگىر ـ لىڭگىر تاقتاق،
ھەجەرخان چاپاق.
ھەجەرخانغا قاراڭلار،
يۈزلىرى قاسماق.

لىڭگىر ـ لىڭگىر تاقتاق،
ئىككىمىز ئىناق.
ياخشى ئوينايمىز،
بىز دېگەن قوشماق.



# ئاق بۇلۇت

ئاق بۇلۇت
ئاقىرىپ چىقتى.
كۆك بۇلۇت
كۆكىرىپ چىقتى.
قاپىقى تۈرۈلسە،
يامغۇر
شارقىراپ كەتتى.
قاپىقى ئېچىلسا،
ئاپتاپ
پارقىراپ كەتتى.



# مەمەجان

غىغۇ مەمەجان،
مەمەجاننىڭ نېمىسى بار؟
ئالتۇن پۆپەش ئاتالغان
كىچىككىنە قىزى بار.

قىز قولىدا قورچاق،
ئېسىۋالغان مونچاق.
تەتە قىلىپ ماڭىدۇ
دورىغىنى تايچاق.



# ماي

ماي ـ ماي،
قىچىنىڭ مېيى.
نېسى ساتمايمەن،
كىشىنىڭ مېيى.
نېسىنى يىغقۇچە
تېشىلىپ كېتەر
كەشمىنىڭ چەمى.
نەق سېتىش ئىكەن
ئوقەتنىڭ پەمى.



# كىچىككىنە قورچاق

كىچىككىنە قورچاق،
كۆزلىرى مونچاق.
يولۇمنى توستى،
قولۇمنى كەستى.
— هۆيت، ئايىم —
نەگە بارىسەن؟
— تاغقا بارىمەن!
— تاغدا نىمە بار؟
— قوي - قوزا بار.
— قوي كىمنىڭ؟
— قوي باينىڭ،
تاغ باينىڭ،
تاغ باي،
تاغ باي!



# بىر قولۇم

بىر قولۇم،
بىر - بىر قولۇم،
ئاغرىيدۇ،
سارغىيىدۇ،
ھەربىر قولۇم.
— تۇتتۇم قولۇڭنى،
ئەمدى يۆرگىنە!
— ۋاي نەگە؟
— ئورما ئورۇغان يەرگە!
— نېمە قىلىمىز؟
— مەن ئورۇيمەن،
سەن باغلايسەن.



# خەت كەلدى

تىكىلداڭ ـ تىكىلداڭ ئات كەلدى،
ئات كەينىدىن خەت كەلدى.
خەتنى ئوقۇپ ئولتۇرسام،
مۇنداق يېڭى گەپ كەلدى:
ئاتنى سىلىك ئوغلاققا،
دىققەت قىلىڭ موللاققا،
تارتىۋېلىپ ئوغلاقنى،
ساپساق بېرىڭ پەللىگە،
چاۋاك ـ چاۋاك چاللى،
كۆڭۈلدىن خوش بوپ قاللى،
سىز قازانغان غەلىبىگە.



# جىرىم سالدىم قاتارا

جىرىم سالدىم قاتارا،
ئۆچكە كېلىپ غاجارا.
هاسام بىلەن بىرنى سالسام،
تىكاڭ - تىكاڭ قاچارا.
تەخسىدە كاۋاپ،
يېسىلە ساۋاب.
ئاپام مېنى باقىدۇ
قوينىغا سولاپ.
بىزنىڭ تامنىڭ ئارقىسى،
بوستانلىق تېرەك.
چاتىۋېتىڭ شېخىنى،
قالاشقا كېرەك.



# تۇخۇم

يولدىن قامچا تېپىۋالدىم،
قامچىنى ئۇستىغا بەردىم.
ئۇستا ماڭا پىچاق بەردى،
پىچاقنى قاسساپقا بەردىم.
قاسساپ ماڭا گۆش بەردى،
گۆشنى دېھقانغا بەردىم.
دېھقان ماڭا دان بەردى،
داننى توخۇغا بەردىم،
توخۇ ماڭا تۇخۇم تۇغۇپ بەردى،
ئېقىنى ئاقلاپ يېدىم،
سېقىنى ساقلاپ يېدىم.



# باغقا كىردىڭمۇ

— باغقا كىردىڭمۇ؟
— كىردىم.
— ئالما يېدىڭمۇ؟
— يېدىم.
— گۈلنى ئۈزدۈڭمۇ؟
— ئۈزدۈم.
— بوغۇن چاقتىمۇ؟
— چاقتى.
— نەرىڭنى؟
— شىللەمنى،
شىلدىر ـ شىلدىر ـ شىلدىر.



# چاققانجان

تۇتۇلۇپ قالدى كۆچۈرۈپ،
ئىمتىھاندا چاققانجان.
ساۋاقداشلار ئالدىدا
ئىززىتىنى ساتقانجان.

كۆڭۈل قويۇپ ئۆگەنمەي
ھەر تەرەپكە چاپقانجان.
ئىمتىھاندا ئۆتەلمەي
غەم - قايغۇغا پاتقانجان.

ھە دېسىلا پو ئېتىپ،
قۇرۇق گەپنى ساتقانجان.
كۈننى بىكار ئۆتكۈزۈپ،
«قالدۇق» بولۇپ قالغانجان.





تاشلار ناچار ئىللەتنى،
ئۆگىنىشكە ئاتلانجان.
ئەلا ئوقۇپ مەكتەپتە
دىلدىن كۈلۈپ شادلانجان.

# تاققا ـ تۇققا

تاققا ـ تۇققا،
زەنجىر ھالقا.
پاقا دەرەخكە چىقىپتۇ،
قۇيرۇقى شاخقا.
قارا قوي قېنى؟
قېچىپتۇ تاغقا.
تاغقا باقسام،
خەۋىرى باغدا،
يۈگۈرۈپ بارسام،
يۈرۈپتۇ سايدا.
قوينى تاپالماي،
ھاشىماخۇنكام
قاپتۇ داغدا.



# قار ياغدى لەپ ـ لەپ

قار ياغدى لەپ ـ لەپ،
توشقان كەلدى سەكرەپ.
تۈتۈۋالدۇق ئەپلەپ،
ئوينايلى دەپ مەشرەپ.

ئوينىمىدى توشقان،
قويدى بىزنى يەكلەپ.
قويۇۋەتتۇق دالاغا،
قاچتى دىك ـ دىك سەكرەپ.



# پاختەك

گۇ ـ گۇ، گۇك،
مەن پاختەك.
ياتسام ئاغرىق،
ئويىنىسام ساقتەك.

گۇ ـ گۇ، گۇك،
مەن پاختەك.
ئېگىزدىن پەسكە
شۇڭغۇيمەن ئوقتەك.



# چامغۇر يۇلۇش

— چامغۇر يۇلىمىز، چامغۇر،
— چامغۇر ئالغىلى كەلدىم،
— تېرىپ قويدۇم.
— چامغۇر ئالغىلى كەلدىم،
— ئۈندۈرمە بولدى.
— چامغۇر ئالغىلى كەلدىم،
— بىر قۇلاق بولدى.
— چامغۇر ئالغىلى كەلدىم،
— ئۈچ قۇلاق بولدى.
— چامغۇر ئالغىلى كەلدىم،
— تۆت قۇلاق بولدى.
— يۇلىمىزمۇ؟
— يۇلىمىز.



# بىز ياخشى

— ھاشماخۇن قارىقاش،
بەش پۇلۇمنى بەر ئاداش.
بەش پۇلۇمنى بەرمىسەڭ،
شەرىئەتكە يۈر ئاداش.

— شەرىئەتتە نېمە بار؟
— ئاخۇن بىلەن قازى بار.
— ئۇلار بىزنى نېمە قىلار؟
— سوراپ ياخشى خوپ قىلار.



— شەرىئەتكە بارمايمەن،
قازىنىمۇ كۆرمەيمەن.
ياخشى بولساق بولمامدۇق،
بىللە ئويناپ كەلمەمدۇق.

بەر قولۇڭنى بىز ياخشى،
ھەر ئىككىمىز تەڭ ياخشى.
بىللە ئويناپ، بىللە ئۆسكەن،
بەرىمىزگە تەڭ ياخشى.

# ئاق تېرەك

— ئاق تېرەك، كۆك تېرەك،

بىزدىن سىزگە كىم كېرەك؟

— باتۇر - باتۇر قىز كېرەك.

— باتۇر قىزنىڭ ئىسمى كىم؟

— ئىسمى ئۇنىڭ مەلىكەم.

— كۈچۈڭ يەتسە ئال كېلىپ،



— سىپىمىزنى سەن يېرىپ.

— چۆرۈق بىلەن ئۆرىمىز،

— كەمپۈت بىلەن ئالدايمىز.

— ئۇنىڭغىمۇ ئۇنىمايمىز،

كۈچۈكلارنى سىنايمىز.

— ئاق تېرەك، كۆك تېرەك،

بىزدىن سىزگە كىم كېرەك؟

— داۋانلاردىن ئېشىشقا،

جەسۇر ئوغلان، قىز كېرەك.



# تۆكە - تۆكىلەڭ

— قاتار - قاتار تۆگىلەر،
نەگە - نەگە ماڭدىڭلار؟
— تۇزغا قاراپ ماڭدۇق بىز،
ئۇستىمىزگە قاراڭلار.
— تۇزۇڭ نەگە تۆكۇلدى؟
— ئارا يولغا تۆكۇلدى.
— تاسقاپ - تاسقاپ ئالساڭچۇ،
تاغىرىڭغا سالساڭچۇ؟!
— تاغىرىمدا تۆشۇك بار،
ماراپ تۇرغان مۇشۇك بار.





# ئارقامدا موزاي مۆرەيدۇ

ئارقامدا موزاي مۆرەيدۇ،
ئوت سەپ بەرسەم يېمەيدۇ.
يە ئۆزىنىڭ خىلى يوق،
سۆزلەيدىغان تىلى يوق.
ماڭا قاراپ تەلمۈردى،
ئاڭا ئىچىم ئاغرىدى.
چېلەك سىلىپ مۈرەمگە،
يۈگۈرۈپ باردىم ئۆستەڭگە.
سۇ ئەپكەلدىم بىر چېلەك،
ئۇنى ئىچىپ تويمىدى.
يەنە ئەپكەلدىم بىر چېلەك،
ئىچتى، قاندى ياش يۈرەك.
ئوتنى سالدىم قايتىدىن،
موزاي يېدى باشقىدىن.
قاراپ تۇردۇم بىر هازا،
تويۇۋالدى ئۇ تازا.



# رامزان ئېيتىش

تۇڭلۇكۇڭنىڭ بېشىدا
ئاي كۆرۇنەر.
ھەممە ئۆيدىن مۇشۇ ئۆي
باي كۆرۇنەر.

ئۆيۇڭنىڭ ئارقىسىدا
قوينىڭ ئىزى.
ناننى جۇپلەپ بېرىدۇ
باينىڭ قىزى.

رامزان ئېيتىپ كەلدۇق
ئىشىك تۇۋىڭگە.
قوچقاردەك بالا بەرسۇن
بۆشۇكۇڭگە.



# داد پادىشاھىم، داد

— داد پادىشاھىم، داد،
— نېمە ئۈچۈن داد؟
— ئۆيۈمگە ئوغرى كىرىپتۇ،
— ئوغرىنى تۇتۇڭلار!
— داد پادىشاھىم، داد،
— نېمە ئۈچۈن داد؟
— ئوغرىنى تۇتتۇق.
— ئۈچ تۈرلۈك جازا بېرىلسۇن:
بىرىنچىسى، چىلان يېدۈرمەك جازاسى بېرىلسۇن؛
ئىككىنچىسى، پاختەك ئۇچۇرماق جازاسى بېرىلسۇن؛
ئۈچىنچى، بۇرنى بىلەن يەتتە غېرىچ يەرنى سىزىش جازاسى بېرىلسۇن.



# چۈچۈرە قاينايدۇ

بالىلار ئوينايدۇ،
ئۆيگە كىرمەيدۇ.
چۈچۈرە قاينايدۇ،
ئانىسى بەرمەيدۇ.
— بەرمىسە بەرمىسۇن،
ساڭغا كىرمىسۇن.
كىرسىمۇ كىرسۇن،
كۆرۈپ قالمىسۇن.
كۆك خالتىدا تاش،
ئاق خالتىدا ماش.
تېرىپ ئالايلى،
يانچۇقۇڭنى ئاچ.
ئوتقا كۆمگەندە،
بولدۇ كۆمەچ.
ئېتىلسا، تېرىپ
چاينايمىز گاچ - گاچ.
تويدۇ قورساق،
ئوينايمىز ئاداش.





图书在版编目(CIP)数据

精彩儿童歌谣. 可爱的小白兔：维吾尔文/艾则孜·阿塔吾拉等编. —乌鲁木齐：新疆青少年出版社，2007.6
ISBN978—7—5371—5723—0

Ⅰ.精… Ⅱ.艾… Ⅲ.维吾尔族—儿歌—作品集—中国—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.I287.2

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2007)第 074167 号

策　　划：阿布里克木·艾山
责任编辑：卡丽拜努尔·卡德尔
责任校对：迪力亚尔·吐尔逊
封面设计：阿力甫·夏
插　　图：吐尔逊·依沙克

精彩儿童歌谣

可爱的小白兔(维吾尔文)

艾则孜·阿塔吾拉
扎玛尼丁·帕克扎提 编

新疆青少年出版社出版
(乌鲁木齐市北京北路 29 号　邮编：830012)
新疆新华书店发行
新疆新华印刷厂印刷
850×1168 毫米　32 开本　2 印张
2007 年 6 月第 1 版　2012 年 3 月第 4 次印刷

ISBN 978-7-5371-5723-0　定价：6.00 元
如有印刷装订问题请直接同出版社调换

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: غالىب شاھ

# دىكى - دىكى توشقان



ISBN 978-7-5371-5723-0

9 787537 157230 >

باھاسى: 6.00 يۈەن